# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
11
شەنبە
维吾尔文 1 月11日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    24937 ـ سان    بۈگۈن 8 بەت


## رەئىس شى جىنپىڭ بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ

### دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر سۈن يى) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لو جاۋخۇي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

2 ـ بەتتە

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

## شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىقلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى

### لى كېچياڭ سۆز قىلدى  ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى  خەن جېڭ رىياسەتچىلىك قىلدى




1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق دۆلەت ئالىي پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سابىق جۇڭگو كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت گۇرۇھى شىركىتى 719 ـ تەتقىقات ئورنىدىكى ئاكادېمىك خۇاڭ شۇيخۇا (ئوڭدا)غا ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاتوم فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدىكى ئاكادېمىك زېڭ چىڭسۇن (سولدا)غا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۇەرېن فوتوسى



1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتارلىقلار مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. لى كېچياڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى. خەن جېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن 2019 ـ يىللىق دۆلەت ئالىي پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سابىق جۇڭگو كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت گۇرۇھى شىركىتى 719 ـ تەتقىقات ئورنىدىكى ئاكادېمىك خۇاڭ شۇيخۇا ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاتوم فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدىكى ئاكادېمىك زېڭ چىڭسۇنغا مېدال، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى، ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تەبرىكلىدى ھەم ئۇلارنى رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ ئىككىيلەن بىلەن بىللە، دۆلەت تەبىئىي پەن مۇكاپاتى، دۆلەت تېخنىكا كەشپىيات مۇكاپاتى، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرىگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى يېپىلدى

### چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى  شاۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى




1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. سۈرەتتە: يىغىن نەق مەيدانى.

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى خەن لياڭ فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ **شىڭرۇي، ياۋ تۇڭ، جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى تۆرلۈك قارالمىلارنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يېپىلدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن چېن چۇەنگو، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى. شاۋكەت ئىمىن يېپىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن ۋە يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 نەپەر، ئەمەلىي قاتناشقىنى 467 نەپەر، يىغىنغا قاتناشقانلار سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يېپىلىش يىغىنى باشلاندى. يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تەستىقلاش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

## باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسەت ئۈزۈل ـ كېسىل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچ زىممىدە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز

## ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش

— شىنجاڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

2 ـ بەتتە

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 4 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ **شىڭرۇي، جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 4 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۇەنگو، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى. شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

## ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەيلى

— ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىننىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

3 ـ بەتتە